اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ

# ئىسلامي ئېلىپبە





ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

# كىرىش سۆز

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاھقا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

خۇددى قىلىچ تۇتۇپ تۇغۇلغاندەك ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمىغان ھالدا جەسۇرلۇق بىلەن دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلىپ، ناھەق كۈچلەر ۋە زالىملارنىڭ تەختىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسلام ئۇرۇقلىرىنى چاچقان ھەمدە يەر يۈزىگە ئىلىم ـ مەرىپەت يېتەكچىسى، سائادەت مەشئىلى ۋە كۈچ ـ قۇدرەت نەمۇنىسى بولغان ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۈگۈنكىدەك ھەر يەردە مەزلۇم، ھەر يەردە بىچارە ۋە ھەر يەردە سەرسان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى ئىسلام تارىخىنىڭ نۇرانە بەتلىرىگە ئېچىنىشلىق قۇرلارنى يازماقتا.

تەۋھىد ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن ھەربىر يەرگە تەقۋالىق، ئادالەت، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە شەرم ـ ھايا ھىدلىرى بىلەن ھۇزۇر ئاتا قىلىپ، ئۆزىدىن باشقا بارچە دىنلارنىڭ پۇچەك، ئەخمەقانىلىق، ئەقىلسىزلىق ۋە جاھىلىيەتتىن باشقا نەرسە

ئەمەسلىكىنى تەۋرەنمەس پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگەن ئىسلامغا قارىتا يۇرىكى ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان نىجىس كاپىرلارنىڭ بۇ بۈيۈك ئىسلام دىنىنىڭ ساپ مەنبەسىنى بۇلغاپ، ئۆز ھەقىقىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە قۇل قىلىپ خالىغانچە خورلاش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمىلىك نىجىس تەدبىرلىرى بىلەن سۇيىقەست قىلىشى ھەربىر سەگەك مۇسۇلمان ئۈچۈن 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئوچۇق ھەقىقەت.

دىن دۈشمەنلىرى ئۆزىنىڭ بۇ رەزىل مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاساسلىق نىشانلىرىدىن بىرىنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى ۋە ھىمايىچىلىرى، تەۋھىد بايرىقىنىڭ ئورۇنباسار كىشىلىرى بولغان سەبىي باللارغا توغرىلىدى. جۈملىدىن «ئاغزىدا كۈلكە - چاقچاق، قوينىدا پالتا - پىچاق» بولغان مەلئۇن خىتاي كوممۇنىستلىرى تۈركىستان سەبىيلىرىنى دىنسىز، غۇرۇرسىز، ئىرادىسىز، ئانا تىلىدىن بىخەۋەر ۋە ئەقىل جەھەتتىن كەمتۈك قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز دىنى، مەدەنىيەت - مىراسلىرى، يېزىقى ۋە مىللىتىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ھەتتا نومۇس قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش، شۇنداقلا «دىنسىزلىق — ئىلىم - پەن دېمەكتۇر»، «دىنسىزلىق — تەرەققىيات دېمەكتۇر»، «دىنسىزلىق — مەدەنىيەت دېمەكتۇر»، «دىنسىزلىق — بەخت - سائادەت دېمەكتۇر»... دېگەندەك باتىل ئاڭ - ئىدىيىلەرنى تۈركىستان ئەۋلادلىرىنىڭ سىنىپ، مەكتەپ، ئائىلە ۋە سىرتقى مۇھىت قاتارلىق بارلىق پائالىيەت سورۇنلىرىغا چاچتى.

مەلئۇن خىتايلارنىڭ بۇ ئىپلاس سۇيىقەستلىرىدىن بىرى،

ئاتالمىش «قوش تىل مائارىپى» نامى بىلەن تۈركىستان مەكتەپلىرىدە پەقەت «ئەدەبىيات» دەرسىدىن باشقا بارلىق كىتابلار خىتايچە تۈزۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىچىگە دىننى خورلايدىغان ۋە ھاقارەت قىلىدىغان، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى نادان، خۇراپىي، ھۇرۇن ۋە ئاجىز مىللەت قىلىپ كۆرسىتىدىغان، كوپۇرلۇقنى بولسا مەدەنىيەت، تەرەققىيات، كۈچ - قۇدرەت ۋە بەخت - سائادەت قىلىپ بوياپ، «مەجبۇرىي مائارىپ» نامى بىلەن مەجبۇرىي ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دەرسلەرنى ئۆتىدىغانلارغا ئىدىيىسى كۇفۇر ئېقى بىلەن توشۇپ كەتكەن، ئەخلاقى بۇزۇق ۋە خائىن دىنسىزلارنى تۈركۈملەپ ئېلىپ كېلىپ «مۇئەللىم» قىلىپ تىزدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ «مۇئەللىم»لەرمۇ سەبىيلەرگە دىنسىزلىق، جاھىلىيەت، ئەخلاقسىزلىق ۋە بۇزۇق پىكىردىن باشقا نەرسە بىرەلمىدى ياكى سالغان زىيىنى بەرگەن مەنپەئەتىدىن خېلى بەكلا ئېشىپ كەتتى.

بۇ زەھەرلىك تۈتۈندىن ئەقلى بۇلغانغان مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى بارا - بارا دىنغا ھۆرمەت قىلمايدىغان، دىننى ھاقارەت قىلىدىغان، نىجىس كاپىرلارنى «نىجاتلىق بەلگىسى» ۋە «بەختكە چاقىرغۇچى» دەپ تونۇيدىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ قالغانلىقىدىن نومۇس قىلىدىغان ھالەتتە چوڭ بولدى.

شۇ جۈملىدىن، خىتايلارنىڭ زەھەرلىك نەشتىرىگە نىشانلانغان تۈركىستاندىكى 1- يىللىق «ئېلىپبە» كىتابى پۈتۈنلەي دىندىن چىقىرىش، شەرم - ھايانى يىرتىش، ئەخلاقنى بۇزۇش ۋە كاپىرلار بىلەن ئۆم - ئىتتىپاق ياشاش مەزمۇنىدا تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، تۈركىستان ئەۋلادلىرىنى ئەسلىدىكى ساغلام تەربىيە مەنبەسىگە قايتۇرۇپ كېلىش ۋە

ساپ بۇلاقتىن سۇغۇرۇش مەقسىتىدە جامائىتىمىز «تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى»دىكى بىر نەچچە قېرىنداشلار بىرلىشىپ ئۇشبۇ «ئىسلامىي ئېلىپبە»نى تۈزۈپ چىقتۇق.

قولىڭىزدىكى بۇ «ئىسلامىي ئېلىپبە» دىنسىزلىق، جاھىلىيەت ۋە ئەخلاقسىزلىقتىن ئادا - جۇدا ھالەتتە سۈزۈك تەۋھىد ئەقىدىسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، پەقەتلا بىر «ساۋات چىقىرىش قوللانمىسى» بولۇشتىن سىرت، مۇسۇلمان ئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن دەسلەپكى باسقۇچتىكى ياخشى بىر تەۋھىد قوللانمىسى ۋە ئىسلام تەربىيىسى دەرسلىكى ھەم بولالايدۇ.


بىز بۇ «ئىسلامىي ئېلىپبە»نى تۈزۈش جەريانىدا ھەربىر سۆز - جۈملىلەر ۋە تېكىستلەرنى ئالغاندا ئامالىنىڭ بارىچە ئىسلامىي سۆز - جۈملىلەرنى ئېلىشقا تىرىشىش بىلەن بىرگە باللارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدىغان مەزمۇندا تۈزۈشكە ئەھمىيەت بەردۇق. شۇنداقتىمۇ بۇ بىزنىڭ تۇنجى قېتىم «ئىسلامىي ئېلىپبە» ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىشىمىز بولغاچقا ئەلۋەتتە يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. توغرا قىلغان بولساق ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى - رەھمىتىدىن، خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. شۇڭا كەڭ ئۇستازلىرىمىزنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئايىماسلىقىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز.

ئاللاھ تائالا بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

— تۈزگۈچىدىن

# ئا ا ـا ـئا





بسم الله الرحمن الرحيم
اقرأ باسم ربك الذي خلق ① خلق الإنسان من علق ②
اقرأ وربك الأكرم ③ الذي علم بالقلم ④



ئا ا ـا ـئا

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن «ئا» ھەرپىنى تېپىپ بېقىڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئانا | ئاخىرەت | قۇرئان | ئىمان |
| ناماز | بايراق | ئىنئام | ئاپئاق |

2. «ئا» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ئا» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# ئە    ە    ـە    ـئە



50



ئە    ە    ـە    ـئە

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن «ئە» ھەرپىنى تېپىپ بېقىڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| ئەزان | ئەقىدە | رەسۇلۇللاھ |
| سۈننەت | تەۋھىد | شەرىئەت |

2. «ئە» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ئە» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# ئې

ې ئېـ ـېـ ـېـ ـئېـ ـې ـئې







ئې ې ئېـ ـېـ ـېـ ـئېـ ـې ـئې

**كۆنۈكمە**


1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن «ئې» ھەرپىنى تېپىپ بېقىڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| ئېتىقاد | ئېھسان | زېمىن |
| ھېكمەت | مېۋە | قېرىنداش |

2. «ئې» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ئې» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# ئى ى ئـ ـىـ ـىـ ـئـ ى ـئى

ئى ى ئـ ـىـ ـىـ ـئـ ى ـئى

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن «ئى» ھەرپىنى تېپىپ بېقىڭلار.


| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىبادەت | ئىخلاس | بۇخارى | رازى | ھەدىس |
| جىھاد | كىتاب | شېئىر | ئەلى | شەيئى |

2. «ئى» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «ئى» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# ئو و و ئو







ئو و و ئو

**كۆنۈكمە**

1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن «ئو» ھەرپىنى تېپىپ بېقىڭلار.

ئوسمان ئوقۇش دوزاخ روزا

يول قول رادىئو

2. «ئو» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ئو» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ





ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ

كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن «ئۇ» ھەرپىنى تېپىپ بېقىڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇلۇغ | ئۇيغۇر | ئۇزۇن | دۇرۇس |
| مۇسۇلمان | نۇر | مەلئۇن | مەسئۇد |

2. «ئۇ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ئۇ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ








ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن «ئۆ» ھەرپىنى تېپىپ بېقىڭلار.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۆلۈم | ئۆمەر | زۆرۈر | دۆلەت |
| گۆش | ھۆكۈم | قارىئۆرۈك | ئاقئۆي |

2. «ئۆ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «ئۆ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# ئۈ ۈ ۈ ئۈ





ئۈ ۈ ۈ ئۈ

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن «ئۈ» ھەرپىنى تېپىپ بېقىڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| ئۈممەت | ئۈلگە | دۈشمەن |
| كۆرۈش | سۈرە | كۈچ |

2. «ئۈ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ئۈ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

# ن   نـ   ـنـ   ـن





نـ + ە = نە　　　نـ + ى = نى　　　نـ + و = نو

ئۆ + ن = ئۆن　　　ئا + نا = ئانا　　　ئە + نە = ئەنە

ئۆن　　ئۆن　　ئانا، ئون نان ئەنە.

## كۆنۈكمە

«ن» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ن» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| ئانا | ئون | ئۆن |
| ئەنە | نان | نى |

# ت ﺗ ﺘ ﺖ





ت + ا = تا　　　ت + و = تو　　　ت + ۆ = تۆ

ئا + ت = ئات　　　ئو + ت = ئوت　　　تو + ن = تون

ئە + تە = ئەتە　　　تا + نا = تانا　　　ئۇ + تۇن = ئۇتۇن

ئاتا، تون ئەنە.　　　ئانا، ئۇتۇن ئەنە.

## كۆنۈكمە

«ت» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.


**تاپشۇرۇق:** «ت» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئات　　ئەتە　　ئوت　　ئاتا

تون　　تانا　　ئۇتۇن

# س

سـ ـسـ ـس

سـ + ا = سا　　　سـ + ۇ = سۇ　　　ئا + س = ئاس

ئـ + ـس = ئـس　　　سا + ن = سان　　　سۇ + ت = سۇت

سا + ئەت = سائەت　　　ئا + سان = ئاسان

سەن ئۇستا. ئەنەس سۇت ساتتى.

ئوقۇش ۋە يېزىش

**كۆنۈكمە**

«س» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «س» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

سانائەت　　　ئاستا ئات

سەن سائەتنى ئەتە ئاس.

# ش   ش   ـشـ   ـش







ش + ۇ = شۇ     ئا + ش = ئاش     ئـ + ش = ئـش

تە + ش = تەش     شا + ن = شان     ئاش + نى = ئاشنى

ئا + تۇش = ئاتۇش     تو + سۇش = توسۇش

ئائىشە ئاش ئەتتى. ئەنەس تاش ئاتتى.

## كۆنۈكمە

«ش» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ش» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئەنەس تاش تۇشۇسۇن.

ئاش ئېتىش ئاسان.

# ئاساسىي مەشق

**1.تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار.**

ئاتا تاش ئاتتى.

يۇنۇس ئوتۇن توشۇسۇن.

ئائىشە ئاش ئەتسۇن.

**2. تىرناقنىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق ھەرپنى يېزىپ سۆز تۈزۈپ بېقىڭلار.**

ت — (　　　)
ت — (　　　)
ت — (　　　)

ش — (　　　)
ش — (　　　)
ش — (　　　)

**3. تۆۋەندىكى رەسىملەرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېقىڭلار.**


(　　　)


(　　　)


(　　　)


(　　　)

10
(　　　)


(　　　)

م    مـ    ـمـ    ـم







مـ + ە = مە    شا + م = شام    مە + ش = مەش

نە + م = نەم    ئـ + مام = ئمام    ئۇمـ + مەت = ئۇممەت

ئاس + مان = ئاسمان    مۆئـ + مىن = مۆئمىن

مەن مۆئمىن. مومام سامسا ئەتتى.

**كۆنۈكمە**

«م» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «م» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئوسمان مېنى توستى.

مۇسا ئاتۇشتا ماشىنا ساتتى.

# ل لـ ـلـ ـل







ل + ا = لا      ل + ى = لى      ئا + ل = ئال

تـ + ـل = تىل      ئا + لىم = ئالىم      ئە + مەل = ئەمەل

ئىس + لام = ئىسلام      مۇ + سۇل + مان = مۇسۇلمان

سىلەر ئىسلام ئۇممىتى. سەن ئىلىم ئال.

## كۆنۈكمە


«ل» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «ل» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

سالىم مۇسۇلمان، سەلىمە مۇسلىمە.

ئەلى، سەن مۇسۇلماننى تىللىما.

# ب بـ ـبـ ـب





بـ + ۇ = بۇ　　　با + ش = باش　　　بە + ت = بەت

با + لا = بالا　　　بـ + لىم = بىلىم　　　بۇ + لۇت = بۇلۇت

ئاب + باس = ئابباس　　　بوس + تان = بوستان

ئىبلىس مەلئۇن. ئابباس بومبا ئاتتى.

## كۆنۈكمە

«ب» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ب» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

سەن مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە بول.

بەش بالا ئابباس بىلەن بىللە.

# ﭖ ﭘ ﭙ ﭗ







ﭘ + و = پو　　ئە + پ = ئەپ　　تە + پ = تەپ

پە + س = پەس　　پا + شا = پاشا　　پال + تا = پالتا

پې + شىن = پېشىن　　مۇ + نا + سىپ = مۇناسىپ

پالتا سېپى. سەن پىتنە ـ پاسات تاپما.

## كۆنۈكمە

ئوقۇش ۋە يېزىش

«پ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «پ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئائىشە پولۇ بىلەن پىتىر مانتا ئەتتى.

ئاسىم پۇتبول تەپتى.

# ئاساسىي مەشق

**1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار.**

ئەلى، سەن ئىسلام بىلىمى ئال.

سەن بىلەن مەن مۆئمىن، ئىبلىس بولسا مەلئۇن.

ئابباس ئاپتومات ۋە بومبا ئاتتى.

**2. تىرناقنىڭ ئىچىگە مۇۋاپىق ھەرپنى يېزىپ سۆز تۈزۈپ بېقىڭلار.**

(          ) ش          (          ) ل

(          ) م          (          ) لىم

ئىس (          )          مۇسۇل (          )

**3. تۆۋەندىكى رەسىملەرنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېقىڭلار.**



(          )



(          )



(          )



(          )



(          )



(          )

# ر ـر





ر + و = رو　　ئۇ + ر = ئۇر　　با + ر = بار

بـ + ر = بىر　　سۇ + رە = سۇرە　　ئە + مىر = ئەمىر

رى + بات = رىبات　　شە + رى + ئەت = شەرىئەت

سۇرە نۇر.　　مۇئمىنلەر بىر ئۇممەتتۇر.

## كۆنۈكمە

«ر» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ر» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

مەن رىباتتا سابىت تۇرىمەن.

مۇسۇلمانلار شەرىئەتنى ئورناتتى.

ـز

ز







ز+ ە = زە    ئا + ز = ئاز    سۆ + ز = سۆز

رو + زا = روزا    نا + ماز = ناماز    زەمـ + ـزەم = زەمزەم

ئـز + زەت = ئـززەت    را + مـ + ـزان = رامـزان

رامزان روزىسى. بىز ئەزىز ئۇممەت.

كۆنۈكمە

«ز» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ز» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

شەرىئەتنى لازىم تۇتۇش ئىززەتتۇر.

بىز نامازنى پەرز بىلىشىمىز لازىم.

# د ـد







د + ە = دە     دۈ + ئا = دۈئا     دا + دا = دادا

ئۈ + مىد = ئۈمىد     دۈ + رۈس = دۈرۈس     دوپ + پا = دوپپا

بىد + ئەت = بىدئەت     ئى + با + دەت = ئىبادەت

دۈئا ئىبادەتتۇر. دادام ناماز ئۆتىدى.

## كۆنۈكمە

«د» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «د» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

دادام: «ئىسلام — ئىززەت دىنىدۇر» دېدى.

بىلال ئىماندا سابىت تۇردى.

# ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار.

نىشانىمىز — زېمىندا شەرىئەت ئورنىتىشتۇر.


مۇسۇلمانلار ناماز ئۆتىشى لازىمدۇر.

ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش پەرزدۇر.

2. تۆۋەندىكى ھەرپلەرنى توغرا بىرلەشتۈرۈپ، بېرىلگەن سۆزلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.

ناماز سۈرە

ئىززەت نۇر




روزا دۇئا رىبات

3. بېرىلگەن رەسىمنىڭ ئىسمىنى توغرا تېپىپ تۇتاشتۇرۇڭلار.







ئۈزۈم ئانار دوپپا

# ي ﻳ ﻴ ﻲ

ﻳ + ﻪ = يه　　　ئا + ي = ئاي　　　يو + ل = يول

يه + نه = يەنه　　　دۇن + يا = دۇنيا　　　شەﻳ + تان = شەيتان

ﺋﺪ + ﻤﺎ + ﻧﻲ = ﺋﯩﻤﺎﻧﻲ　　　ﺋﯩﺲ + ﻻ + ﻣﻲ = ﺋﯩﺴﻼﻣﻲ

رەببىمىز بىزنى لايدىن ياراتتى.

## كۆنۈكمە

«ي» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «ي» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشق قىلىڭلار.

بىز ئىسلامىي شەرىئەت ئاستىدا ياشايمىز.

يۈسۈپ نەيزە ئاتتى.

# ف فـ ـفـ ـف





فـ+و=فو ئۇ+ف=ئۇف فـ+ىلىم=فىلىم

ئە + فى + فە = ئەفىفە فى + دى + يە = فىدىيە

## مۇسلىمەلەر ئەفىفەدۇر.

ئەسكەرتىش: «ف» ھەرپى ئاساسەن تەقلىد سۆزلەر ۋە چەتئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز - ئاتالغۇلارنى ۋە ئىسىملارنى يېزىشتا قوللىنىلىدۇ.

تاپشۇرۇق: «ف» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئۆمەر ئىسلامىي فىلىم ئىشلىدى.
مەن ئەنفال سۈرىسىنى يادلاپ بولدۇم.

ق

قـ ـقـ ـق





ق + ا = قا　　قو + ل = قول　　يا + ق = ياق

قا + رى = قارى　　قۇر + ئان = قۇرئان

ئە + قدە = ئەقدە　　ئو + رۇن + دۇق = ئورۇندۇق

مۇئمىنلەر ئۆزئارا قېرىنداشتۇر.

**كۆنۈكمە**

«ق» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «ق» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

مەن قۇرئان ئوقۇشقا ئامراق.

بىز بىر قوچقارنى قۇربانلىق قىلدۇق.

# ئاساسىي مەشىق


## 1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قانۇنى قۇرئاندۇر.

قۇرئاندا بىر يۈز ئون تۆت سۈرە بار.

مەن فەلەق سۈرىسىنى دۇدۇقلىماي ئوقۇيالايمەن.

## 2. مۇۋاپىق سۆزلەرنى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.




## 3. بېرىلگەن بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.

مەن (          ) ئوقۇشقا ئامراق.

مەن بەيىنە سۈرىسىنى (          ) بولدۇم.

ئۇ (          ) ياسىدى.

# ك ك ك ك







ك + ە = كە　　　بە + ك = بەك　　　كۆ + پ = كۆپ

رۇ + كۇ = رۇكۇ　　　كەئ + بە = كەئبە　　　زا + كات = زاكات

مۇش + رىك = مۇشرىك　　　مۇ + كەم + مەل = مۇكەممەل

قۇرئان كەرىم بۈيۈكتۇر.

## كۆنۈكمە

«ك» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ك» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

مۇئمىنلەر پاكتۇر، مۇشرىكلار نىجىستۇر.

مۇسۇلمانلار بىرلىكتە كاپىرلار بىلەن كۈرەش قىلدى.

# گ گـ ـگـ ـگ







گ + ۈ = گۈ　　ئە + گ = ئەگ　　گە + پ = گەپ

ئە + گەر = ئەگەر　　بۈ + گۈن = بۈگۈن　　ئە + تى + گەن = ئەتىگەن

ئە + گى + شىش = ئەگىشىش　　ئۆ + گى + نىش = ئۆگىنىش

**بۈگۈن قۇرئان ئۆگەندىم.**

## كۆنۈكمە

«گ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «گ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

سۈننەتكە ئەگىشىش رەببىمىزنى رازى قىلىدۇ.

بۈگۈن سىلەرگە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قوياي.

# ڭ ڭـ ـڭـ ـڭ





ئو + ڭ = ئوڭ　　كە + ڭ = كەڭ　　مى + ڭ = مىڭ

شۇ + ڭا = شۇڭا　　يې + ڭى = يېڭى　　ساڭ + زا = ساڭزا

كۆ + ڭۈل = كۆڭۈل　　ئىس + لام + نىڭ = ئىسلامنىڭ

قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار.

**ئوقۇش ۋە يېزىش**

## كۆنۈكمە

«ڭ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «ڭ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

رەببىمىزنىڭ رازىلىقى ئەڭ چوڭ سائادەتتۇر.

بىر - بىرىڭلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭلار.

# ئاساسىي مەشق


**1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار.**

بۈيۈك قۇرئان كەرىم رەببىمىزنىڭ كاتتا ئىنئامى.

بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئىسلامىي قېرىنداش بولۇڭلار.

سۈننەتكە ئەگىشىشنى لازىم تۇتۇڭلار.

**2. تۆۋەندىكى ھەرپلەرنى توغرا بىرلەشتۈرۈپ، بېرىلگەن سۆزلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.**




**3. تۆۋەندىكى سوئاللارنى ئوقۇپ جاۋاب بېرىڭلار.**

① دىنىڭىز نېمە؟ ______________.

② سىز مۇسۇلمانمۇ؟ ______________.

③ ئەڭ بۈيۈك كىتاب قايسى؟ ______________.

# غ

غـ ـغـ ـغ







غ + ا = غا　　　با + غ = باغ　　　غا + ر = غار

غا + يە = غايە　　　غۇ + سۇل = غۇسۇل　　　قوغ + داش = قوغداش

غە + لى + بە = غەلىبە　　　پەي + غەم + بەر = پەيغەمبەر

پەيغەمبىرىمىز يالغان سۆزلىمەيتتى.

## كۆنۈكمە

«غ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «غ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىغا ئەگىشىشكە بۇيرۇلغان.
پەيغەمبىرىمىز يالغان سۆزلىمەسلىككە بۇيرۇغان.

# ھ

ھ + ە = ھە　　　پا + ھ = پاھ　　　ھە + ق = ھەق

ئال + لاھ = ئاللاھ　　　گۈ + ناھ = گۈناھ　　　ھە + دىس = ھەدىس

ھى + دا + يەت = ھىدايەت　　　رە + سۇ + لۇل + لاھ = رەسۇلۇللاھ

## ئاللاھقا ھەمدە ئېيتىمەن.

### كۆنۈكمە

«ھ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «ھ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

مۇھەممەد — ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى.

# ئاساسىي مەشىق

## 1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار.

ئاللاھ مېنى ھەققە ھىدايەت قىلدى.

ئاللاھنىڭ ھەربىر سۆزىدە ھېكمەت بار.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيتتى.

## 2. بېرىلگەن بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭ.

① رەببىم (    )قا (    ) سانا ئېيتىمەن.

② ئاللاھ تائالا (    )دۇر.

③ ئىسلام (    ) دىن، مۇھەممەد (    ) پەيغەمبەر.

## 3. تۆۋەندىكى سوئاللارنى ئوقۇپ جاۋاب بېرىڭلار.

① رەببىڭىز كىم؟ ______________.

② پەيغەمبىرىڭىز كىم؟ ______________.

③ سىز قايسى سۈرىنى يادقا بىلىسىز؟______________.

# ج   جـ   ـجـ   ـج







جـ + ۇ = جۇ      ھە + ج = ھەج      جـ + ق = جىق

ئا + جىز = ئاجىز      جـ + ھاد = جىھاد      جەن + نەت = جەننەت

جا + ما + ئەت = جامائەت      جە + ھەن + نەم = جەھەننەم

بىز مۇجاھىد ئۇممەت.

## كۆنۈكمە

«ج» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «ج» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۇملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

مۇئمىنلەر جەننەتتە، كاپىرلار جەھەننەمدە.

كاپىرلارغا قارشى جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە تىللىرىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار.

# چ

چـ ـچـ ـچ





چـ + ى = چى        ئا + چ = ئاچ        چا + ي = چاي

ئو + چۇق = ئوچۇق   نەچـ + چە = نەچچە   كۆچـ + لۆك = كۆچلۆك

بى + رىنـ + چى = بىرىنچى        چا + قى + رىش = چاقىرىش

ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىزدۇر.

**كۆنۈكمە**

«چ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «چ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئاللاھتىن باشقا ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر.

ئاللاھ بارچە ئىشلارنى چوقۇم بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

# خ

خـ ـخـ ـخ





خـ + ا = خا بى + خ = بىخ خە + ت = خەت

خا + تا = خاتا ئىخ + لاس = ئىخلاس دو + زاخ = دوزاخ

ئا + خى + رەت = ئاخىرەت خى + يا + نەت = خىيانەت

مۆئمىنلەر بەختكە ئېرىشتى.


## كۆنۈكمە

«خ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

تاپشۇرۇق: «خ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

مۆئمىنلەر ئاخىرەتتە بەختلىك ھاياتتا بولىدۇ.
كاپىرلار ئاخىرەتتە دوزاخقا كىرىدۇ.

# ژ ـژ





ژ + و = ژو　　پا + ژ = پاژ　　غاژ + غۇژ = غاژ ـ غۇژ

گىژ + گىژ = گىژ ـ گىژ　　ژۇر + نال = ژۇرنال

بۇژ + غۇن = بۇژغۇن　　پۇر + ژى + نا = پۇرژىنا

**قولۇم پاژژىدە قىلىپ كۆيۈپ قالدى.**

ئەسكەرتىش: «ژ» ھەرپى ئاساسەن تەقلىد سۆزلەر ۋە چەتئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ۋە ئىسىملارنى يېزىشتا قوللىنىلىدۇ.

تاپشۇرۇق: «ژ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

مەن ئىسلامىي ژۇرنال ئوقۇشقا ئامراق.

ئەھمەدنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى.

# ۋ ۋ





ۋ + ە = ۋە　　　يا + ۋ = ياۋ　　　ۋە + ز = ۋەز

ۋە + دە = ۋەدە　　　تەۋ + بە = تەۋبە　　　تەق + ۋا = تەقۋا

تا + جا + ۋۇز = تاجاۋۇز　　　ئا + قىـ + ۋەت = ئاقىۋەت

**ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ.**

## كۆنۈكمە

«ۋ» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

**تاپشۇرۇق:** «ۋ» ھەرپىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنى ۋە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇشنى ۋە چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىڭلار.

قۇرئان تەقۋادالار ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.

ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.

## ئاساسىي مەشىق

**1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ بېقىڭلار.**

تەقۋادارلار ئاخىرەتتە گۈزەل جەننەتلەردە بولىدۇ.
بىز تەۋھىدنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن جىھاد قىلىمىز.
ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، جىھاد دىنىنىڭ چوققىسىدۇر.

**2. بېرىلگەن بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.**

① مۇئمىنلەر (                    )كە كىرىدۇ، كاپىرلار (              )گە/قا كىرىدۇ.

② (        ) بىزگە پەرزدۇر.

③ مەن (        )نى ياخشى كۆرىمەن.

**3. «ج، چ، خ، ۋ» ھەرپلىرى بولغان سۆزلەردىن ئۈچنى يېزىپ بېقىڭلار.**

ج:

چ:

خ:

ۋ:

# ئۇيغۇر تىلى ئاساسىي بىلىملىرى

## 1. تىل تاۋۇشلىرى ۋە ھەرپ

سۆزلەرنى تەشكىل قىلىدىغان تاۋۇشلار تىل تاۋۇشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 ھەرپ بولۇپ، ئۇنىڭ سەككىزى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى، 24 ى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى.

سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى: ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ.

ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى: ن، ت، س، ش، م، ل، ب، پ، ر، ز، د، ي، ف، ق، ك، گ، ڭ، غ، ھ، ج، چ، خ، ژ، ۋ.

## 2. بوغۇم

تىلىمىزدىكى سۆزلەر تەلەپپۇز قىلىنغاندا بۆلۈنۈپ ـ بۆلۈنۈپ ئېيتىلغان قىسمى بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر بوغۇمىدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بۇ، ۋە، مەن، ھەق، ئات. | بىر بوغۇم |
| قە + لەم = قەلەم | ئىككى بوغۇم |
| دەپ + تەر = دەپتەر | ئىككى بوغۇم |
| شە + ر + ئەت = شەرئەت | ئۈچ بوغۇم |

بوغۇم بىر سوزۇق تاۋۇشتىن ياكى بىر سوزۇق تاۋۇشقا بىر ياكى بىرنەچچە ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ.

مەسىلەن:

ئۇ، ئات، مەن، دەرس، شەرت... ۋە باشقىلار.

قۇر ئاخىرىغا كېلىپ قالغان كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ شۇ قۇرغا پاتمىغان قىسمى كېيىنكى قۇرغا بوغۇم بويىچە كۆچۈرۈپ يېزىلىدۇ. بۆلۈنگەن ئالدىنقى بوغۇمنىڭ كەينىگە سىزىقچە (ـ) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| قۇرـ | ئىسـ | شەردـ |
| ئان | لام | ئەت |

## 3. سۆز

مەلۇم بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان ھەرپلەر يىغىندىسى سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاللاھ، قۇرئان، رەسۇلۇللاھ، تەۋھىد... ۋە باشقىلار.

سۆزلەر بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق بولىدۇ. مەسىلەن:

ئال + لاھ = ئاللاھ ئىككى بوغۇم

قۇر + ئان = قۇرئان ئىككى بوغۇم

رە + سۇ + لۇل + لاھ = رەسۇلۇللاھ تۆت بوغۇم

## 4. جۈملە

سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئالاقە بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چەكسىزدۇر.

مۇئمىنلەر ئۆزئارا قېرىنداشتۇر.

تەقۋادارلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ ۋە ئاللاھ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلەرنى ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىدۇ.

# ئومۇمىي مەشق

**1. تۆۋەندىكى ھەرپلەر ئارىسىدىن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنى ئايرىپ يېزىپ بېقىڭلار.**

ب ئو چ ق د ڭ ئە ش ل خ

ر ن ي س ئۇ ت ئۈ ئې ئۆ ھ

م غ ك ژ ئا ف گ ئې ز پ ۋ ج

سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى: ______________________________

ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى: ______________________________

_______________________________________________________

**2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى يېزىپ بېقىڭلار.**

مەن ئىسلامغا خىيانەت قىلمايمەن. ________ ھەرپ، ________ بوغۇم.

مەن رەسۇلۇللاھنى ياخشى كۆرىمەن. ________ ھەرپ، ________ بوغۇم.

مۇجاھىدلارئۇممەتنىڭ ئەۋزىلى. ________ ھەرپ، ________بوغۇم.

**3.تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.**

ئىسلام: ________________________________________.

قۇرئان: ______________________________.

سۈننەت: ______________________________.

### 4. تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى خاتالىقنى تېپىپ توغرىلاڭلار.

مەن ھەربىر ئىشىمدا رەسۇلۇللاھقا **ئەگىشىدۇ**.

________________________________________.

يۇنۇس **نامازگە** ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ.

________________________________________.

دادام ئاللاھ يولىدا شەھىد **بولدۇم**.

________________________________________.

### 5. بېرىلگەن بوش ئورۇنغا مۇۋاپىق سۆزنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.

(ئازغانلارنىڭ، ياردەم، شەپقەتلىك، ئاللاھ، فاتىھە، ئىسمى، ئالەملەرنىڭ، قىلغانلارنىڭ، ئىبادەت، قىيامەت، توغرا).

1. ناھايىتى (          ) ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ (          ) بىلەن باشلايمەن. جىمى ھەمدۇ ـ سانا (          ) پەرۋەردىگارى (          ) قا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. (          ) كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا (          ) قىلىمىز ۋە سەندىنلا (          ) تىلەيمىز. بىزنى (          ) يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە (          ) يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام (          ) يولىغا (باشلىغىن). — سۈرە (          )

# ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر

ئى كەلگۈسى ئۈممەتنىڭ سابىت قورغانلىرى ۋە مۇستەھكەم تۈۋرۈكلىرى بولغان مۇجاھىد ۋە مۇجاھىدە دوستلار! بىلىڭلاركى، بۈيۈكلۈكتە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدىغان ئاللاھ سىلەرنىڭ، مېنىڭ ۋە بارچە مەۋجۇداتنىڭ رەببىسىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ ئاسمان ۋە زېمىندىكى بارچە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئۇ پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ پادىشاھىدۇر، بارچە نۇقساندىن پاكتۇر. ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرى بولغان مۆئمىنلەرنى قورقۇنچ ۋە ئازابتىن خاتىرجەم قىلغۇچىدۇر. ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر ۋە مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.

رەببىمىز ئاللاھ ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچىدۇر ۋە ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر. ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ.

ئى ئاللاھنىڭ ئەزىز بەندىلىرى! بۈيۈك رەببىمىزنىڭ بىزلەرگە ئاتا قىلغان چەكسىز نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنى، ئۇ زاتنى مەدھىيىلەشنى ۋە خالىس ئىبادەت قىلىشنى ھەر ۋاقىت ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار. رەببىمىزنى نارازى ۋە خاپا قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار. شۇندىلا رەببىمىز ئاللاھمۇ ھەم سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە بارچە ياخشى ئىشلىرىڭلارغا ئۆزى ياردەم قىلىدۇ.

## كۆنۈكمە

سىز رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ قايسى سۈپەتلىرىنى بىلىۋالدىڭىز؟

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. بۇ تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشى — پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم. مەن ھەربىر ئىشىمدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىمەن ۋە ئۇ كىشىنى ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىمەن، چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقىنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ماختاپ: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» دېگەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەقۋادار، راستچىل، ئامانەتدار، باتۇر، شجائەتلىك، سېخىي، مۇلايىم، ۋاپادار، خۇشخۇي، جاپاغا چىدامىلىق، ئادىل، كەمتەر، ئەدەپلىك، مۇئمىنلەرگە كۆيۈمچان ۋە كاپىرلارغا شىددەتلىك كىشى ئىدى. ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشقا ئالدىرايتتى، ئىبادەتكە سۇس قارىمايتتى. ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلمايتتى ۋە باشقىلارغىمۇ ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا نەسىھەت قىلاتتى. كىشىلەرگە قوپاللىق قىلمايتتى، ئەدەپسىزلىك قىلمايتتى ۋە ناچار گەپ - سۆزلەرنى قىلمايتتى. كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتى. مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلىششقا بۇيرۇيتتى ھەمدە بىر - بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، كۆڭلىگە ئازار بېرىش، ئۆزئارا ئۆچمەنلىشىش ۋە كەمسىتىشتىن توساتتى.


## كۆنۈكمە

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قانداق كىشى ئىدى؟

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. بۇ تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

## ئەڭ بۈيۈك كىتابىمىز ــ قۇرئان



قۇرئان كەرىم — رەببىمىز ئاللاھ تائالا بىز ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتى ۋە ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن نازىل قىلىپ بەرگەن ئەڭ بۈيۈك كىتابتۇر. قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئوقۇپ ئەمەل قىلغان ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك ھاياتتا ياشايدۇ؛ قۇرئانغا ئىشەنمىگەن ۋە ئەمەل قىلمىغان ئادەم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىق ۋە ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

قۇرئاننى دائىم ئوقۇپ تۇرۇش بىزنى رەببىمىز ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدۇ ۋە ئىمانىمىزنى كۈچەيتىدۇ. قەلبىمىزگە خاتىرجەملىك ۋە راھەت ئاتا قىلىپ، ۋۇجۇدىمىزدىن تەكەببۇرلۇق، ھورۇنلۇق، قورقۇنچ، بېخىللىق ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. دائىم قۇرئان ئوقۇپ تۇرغان ئادەمنىڭ تەس ئىشلىرى ئاسانلىشىدۇ، قىيىن ئىشلىرى ئوڭايلىشىدۇ، جاپا ـ مۇشەققەتلىرى يېنىكلەيدۇ ۋە رىزقى كەڭ بولىدۇ. قىسقىسى، قۇرئانغا بىز بىلگەن ۋە بىلمىگەن بارچە ياخشىلىقلار جەملەنگەن.

ئى مۇجاھىد دوستۇم، ئەجبا سىزنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان بۇنىڭدىنمۇ بۈيۈك ۋە ئەۋزەل كىتاب بارمۇ!؟

### كۆنۈكمە

سىز پىششىق بىلىدىغان سۈرىدىن بىرنى قىرائەت قىلىپ بېقىڭ.

### تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. بۇ تېكستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.



# قۇرئانىم

يۇسۇپ قادىرخان (رەھمەھۇللاھ)

قۇرئانىم دەپ سوقىدۇ يۈرەك،
قۇرئانىم دەپ ئاقىدۇ قانلار.
قۇرئانسىز بۇ ھايات نە كېرەك،
قۇرئان ئۈچۈن پىدادۇر جانلار.

قۇرئانىمنى سۆيىمەن دىلدىن،
زۇلمەتتە ئۇ نۇرلۇق چىراغىم.
چۈشۈرمەيمەن ئۇنى ھېچ تىلدىن،
ئۇنىڭ بىلەن ھاسىل مۇرادىم.

قۇرئانىمنىڭ دوستى دوست ماڭا،
رەقىبىگە رەقىب مەن ھامان.
دوستى بولساڭ پىدا مەن ساڭا،
دۈشمىنىگە بەرمەسمەن ئامان.

## تاپشۇرۇق

بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

# تىنىش بەلگىلىرى بوستانى (1)

## 1. چېكىت ( . )

1> بايان جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) مەن قۇرئان ئوقۇشقا ئامراق.

(2) مەن نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇيمەن.

2> يېنىك ئېيتىلغان بۇيرۇق ۋە ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئاتا ـ ئانىڭلارغا ھەر ۋاقىت ياخشىلىق قىلىڭلار.

(2) مەن دەرس ۋاقتىدا دەرسنى ياخشى ئاڭلاي.

3> رەقەم بىلەن يېزىلغان تەرتىپ سانلاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۇلار:

1. ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بەرھەق ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش؛

2. ناماز ئوقۇش؛

3. زاكات بېرىش؛

4. روزا تۇتۇش؛

5. قادىر بولالىسا ھەج قىلىش.

4> قىسقارتىپ يېزىلغان ئىسىم بىلەن فامىلە ئوتتۇرىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەھمۇد قەشقىرىي <= م. قەشقىرىي

ئابدۇللاھ مەنسۇر <= ئا. مەنسۇر

(بۇنىڭدىن باشقا، چېكىت قويۇلىدىغان ئورۇنلاردىن يەنە ئىككى - ئۈچ تۈرى بار ئىدى، لېكىن كىچىك مۇجاھىدلىرىمىزغا ئېغىر كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئاساسلىق تۈرلىرىنىلا بايان قىلدۇق.)

## 2. پەش ( ، )

1> جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم راستچىل، ئامانەتدار، كەمتەر، باتۇر ۋە مۇلايىم كىشى ئىدى.

2> مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئى ئاللاھ! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.

3> جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەرنى (قاراتما سۆز، قىستۇرما سۆز ۋە ئايرىم ئىملىق سۆزلەرنى) جۈملىدىن ئاجرىتىش ئۈچۈن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئەھمەد، سەن قېرىنداشلىرىڭغا قوپاللىق قىلما.

(2) شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ.

4> ئادەتتە ئىگىدىن كېيىن پەش قويۇلمايدۇ، ئەمما پەش قويۇلمىسا ئەسلى مەقسەت ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئەھۋال بولسا ئىگىدىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ، مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلغان كاپىرلارنىڭ خار ھالىتى.

(ئەگەر «بۇ» دېگەن سۆزنىڭ كەينىدىن پەش كەلمىسە خاتا مەنە بىلدۈرۈپ قويىدۇ.)

5> جۈملىدە مەلۇم بىر نەرسىنىڭ دەرىجىسى ۋە تەرتىپىنى ئىپادىلەيدىغان سانلار يېزىق بىلەن كەلگەن بولسا، بۇلارنىڭ كەينىگە پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ھەربىر ئىشىمىزدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىشىمىز كېرەك. بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بىزنى پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىشكە بۇيرۇغان؛ ئىككىنچىدىن، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگەشسەك ئاللاھ تائالا بىزنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى.

(بۇنىڭدىن باشقا، پەش قويۇلىدىغان ئورۇنلاردىن يەنە بىر - ئىككى تۈرى بار ئىدى، لېكىن كىچىك مۇجاھىدلىرىمىزغا ئېغىر كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئاساسلىق تۈرلىرىنىلا بايان قىلدۇق.)

### 3. سوئال بەلگىسى ( ؟ )

1> ھەرخىل سوئال جۈملىلەردىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) پەرز ناماز قانچە ۋاق؟

(2) ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى كىم؟

2> كەينى - كەينىدىن ئۇلىنىپ كەلگەن سوئال جۈملىلەرگە سوئال بەلگىسى قويۇشتا جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قارايمىز. بۇ سوئال جۈملىلەر بىر - بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي بىر پىكىرنى ئىپادىلىسە، سوئال بەلگىسى ئەڭ كەينىدىكى سوئال جۈملىنىڭ ئارقىسىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

سەن نېمە ئۈچۈن يالغان سۆزلەيسەن، ئەجەبا ئاللاھتىن قورقمامسەن؟

ئەگەر كەينى - كەينىدىن كەلگەن بۇ سوئال جۈملىلەر مەزمۇن جەھەتتىن مۇستەقىل بولسا ياكى بۇلارنىڭ ھەربىرى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ ئېيتىلسا، مۇنداق سوئال جۈملىلەرنىڭ ھەربىرىدىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئەلى، سەن ئەتىگەن قانچىدە تۇردۇڭ؟ بامداتنى ۋاقتىدا ئوقۇدۇڭمۇ؟

(بۇنىڭدىن باشقا، سوئال بەلگىسى قويۇلىدىغان ئورۇنلاردىن يەنە ئىككى - ئۈچ تۈرى بار ئىدى، لېكىن كىچىك مۇجاھىدلىرىمىزغا ئېغىر كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئاساسلىق تۈرلىرىنىلا بايان قىلدۇق.)

## 4. ئۈندەش بەلگىسى ( ! )

1> ئۈندەش جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي!

2> شۇئارنى بىلدۈرىدىغان جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز چوقۇم پىتنە تۈگىگەن ۋە دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشىمىز كېرەك!

3> كۈچلۈك ياكى كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

سىلەر مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇڭلار!

4> ئۈندەش ئاھاڭدا ئېيتىلغان ئىملىق سۆز ۋە قاراتما

سۆزلەردىن كېيىن ئۇندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
ئى ئاللاھ! مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن.
ۋايجان! قولۇم كۆيۈپ قالدى.
سۇبھانەللاھ! ئۇ يەنە سىزگە يالغان سۆزلەپتۇ.
5> ئۇندەش ۋە سوئال مەنىسى تەڭ كەلگەن جۇملىدە ئۇندەش بەلگىسى بىلەن سوئال بەلگىسى تەڭ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇندەش مەنىسى كۈچلۈكرەك بولسا، ئاۋۋال ئۇندەش بەلگىسى قويۇلۇپ ئاندىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ؛ ئەگەر سوئال مەنىسى كۈچلۈكرەك بولسا، ئاۋۋال سوئال بەلگىسى قويۇلۇپ ئاندىن ئۇندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
(1) ئاللاھ تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىنى كىممۇ ئازدۇرالىسۇن!؟
(2) ئاللاھنىڭ دىنى خورلىنىۋاتسا، مۇسۇلمانلار ئازاب چېكىۋاتسا، بىز يەنە قاچانغىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرىمىز؟!

# ئاساسي مەشق

**1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرگە تىنىش بەلگىسى قويۇڭلار.**

(1) ئاللاھ تائالا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر___

(2) ئاللاھۇ ئەكبەر___ مۇسۇلمانلار كاپىرلارنىڭ بەش تال تانكا ۋە نۇرغۇن ئوق - دورىلىرىنى غەنىيمەت ئالدى___

(3) ئاللاھ بىزنىڭ ھەربىر ئىشلىرىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر___ ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر___

**2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرى توغرا قويۇلغان ياكى قويۇلمىغانلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭلار، ئەگەر خاتا قويۇلغان بولسا توغرىلاپ قويۇڭلار.**

(1) ئاللاھ تائالانىڭ مېنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتقانلىقىغا چەكسىز ھەمدە ئېيتىمەن؟ ( )

(2) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە بولىدۇ؟ مۇئمىنلەر جەننەتتە ئاچ قالمايدۇ! چارچىمايدۇ ۋە خالىغان نېمەتلەردىن بەھرىمان بولىدۇ؟ جەننەت نېمىدېگەن گۈزەل جاي، ( ) ( ) ( ) ( )




ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق. تۇيۇقسىز قېشىمىزغا كىيىملىرى ناھايىتى ئاق، چاچلىرى قاپقارا بىر كىشى پەيدا بولدى. ئۇ ئادەمدە سەپەر قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. ھېچقايسىمىز ئۇ كىشىنى تونۇمايتتۇق. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىككى تىزىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى تىزىغا تەگكۈزۈپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى يوتىسىغا قويۇپ تۇرۇپ:

— ئى مۇھەممەد! ماڭا ئىسلامنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئىسلام دېگەن، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزاندا روزا تۇتۇش ۋە ھەرەمگە بېرىشقا قادىر بولالىسا ھەج قىلىشتۇر، — دېدى. ئۇ كىشى:

— راست ئېيتتىڭ، — دېدى. بىز ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى سوئال سوراپ ئۆزى تەستىقلىغانلىقىغا ئەجەبلەندۇق. ئۇ كىشى يەنە:

— ماڭا ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئىمان دېگەن، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر، — دېدى. ئۇ كىشى:

— راست ئېيتتىڭ، — دېدى. ئاندىن:

— ماڭا ئېھساننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئېھسان دېگەن، ئاللاھقا خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشتۇر. گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرىدۇ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ماڭا قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— جاۋاب بەرگۈچى سورىغۇچىدىن ياخشى بىلمەيدۇ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئۇنداقتا، ماڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— دېدەك ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تۇغقان چاغدا ۋە يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ، كەمبەغەل پادىچىلار چوڭ بىنالارنى سېلىش بىلەن پەخىرلەنگەن چاغدا قىيامەت يېقىنلاشقان بولىدۇ، — دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىشى كېتىپ قالدى. مەن ھەيران بولغانچە تۇرۇپ قاپتىمەن. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى ئۆمەر، سوئال سورىغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى. مەن:

— ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر، — دېدىم.
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
— ئۇ بولسا جىبرىئىل، ئۇ سىلەرگە دىنىڭلارنى ئۆگەتكىلى كەلگەن، — دېدى.

## كۆنۈكمە

1. ئىسلام دېگەن نېمە؟
2. ئىمان دېگەن نېمە؟
3. ئېھسان دېگەن نېمە؟

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. بۇ تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.



# جەننەت

ئى كىچىك مۆجاھىد دوستلار، بىلەمسىلەر!؟ جەننەت — ئاللاھ تائالا بىز مۆئمىن ـ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن يارىتىپ بەرگەن ئاجايىپ گۈزەل ماكاندۇر. ئۇ يەرنىڭ نازۇ ـ نېئمەتلىرى تۈگىمەيدۇ، كونىرىمايدۇ ۋە بۇزۇلمايدۇ. جەننەتنىڭ تۇپرىقى ئىپار ۋە زەپەردۇر، قەسىر ـ سارايلىرى بولسا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان، بىر خىشى ئالتۇن ۋە بىر خىشى كۆمۈشتىن بولغان قەۋەتلىك بىنالاردۇر.

جەننەتكە كىرگەن كىشىلەر ئۆزى ياخشى كۆرگەن مېۋىلەرنى شاخلىرىدىن ئۆرە تۇرۇپمۇ، ئولتۇرۇپمۇ ۋە يېتىپ تۇرۇپمۇ تاللاپ ئۈزەلەيدۇ. ئەگەر گۆش يېگۈڭلار كېلىپ قالسا ھەرخىل قۇشلارنىڭ گۆشلىرى سىلەر ئويلىغاندەك پىشىپ ئالدىڭلارغا كېلىدۇ. تاماقتىن كېيىن ھاجەت قىلىش بولمايدۇ، يېگەن تاماقىڭلار تەرگە ئايلىنىپ ئۆزى چىقىپ كېتىدۇ. تېرەڭلاردىن چىققان شۇ تەردىن ئاجايىپ خۇشپۇراق ئەتىرنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ.

جەننەتتىكى كىشىلەر ھەرگىز قېرىمايدۇ ۋە ئۆلمەيدۇ، دائىم ياش ۋە چىرايلىق ھالىتىدە بولىدۇ.

ئەگەر سىلەر جەننەتتە رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ساھابىلەر ۋە ھەرقانداق ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرىڭلار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولساڭلار، ئاللاھ تائالا ياراتقان ئېسىل ئۇلاغلار سىلەرنى ئۈچۈرۈپ خالىغان يەرگە ئاپىرىدۇ، يولدا يىقىتىۋەتمەيدۇ ياكى قېچىپ كەتمەيدۇ.

ئى مۆجاھىد دوستلار، جەننەتتىكى ئەڭ كاتتا خۇشاللىق ۋە بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟! ئۇ بولسىمۇ

بىزنى يوقلۇقتىن بار قىلغان، ھالال رىزىق ئاتا قىلغان، كېچە - كۈندۈز بىزنى قوغداۋاتقان، بىزلەرنى ئەزىز قىلىپ، بەختلىك كىشىلەر قاتارىدىن قىلغان رەببىمىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە تائالانىڭ جامالىنى كۆرۈشتۇر. شۇنداق! بىز مۇئمىنلەر ئاخىرەتتە رەببىمىزنىڭ جامالىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز، شۇنداقلا رەببىمىز بىزگە سالام قىلىدۇ. ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇنىڭدىنمۇ كاتتا بەخت ۋە خۇشاللىق بولامدۇ!؟ ئەمما كاپىرلارچۇ؟ ئۇلار رەببىمىزنىڭ جامالىنى كۆرۈش نېئمىتىگە ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ بەلكى ئۇلار خار ھالەتتە دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

ئى مۇجاھىد دوستلار! جەننەتلەردىكى مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەتكە ئېرىشكۈڭلار بارمۇ؟ ئەگەر ئېرىشكۈڭلار بولسا ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئالدىراڭلار، ئاللاھ تائالا نارازى بولىدىغان گۇناھ ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، ھەربىر ئىشىڭلاردا رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىڭلار!

## كۆنۈكمە

1. جەننەتنىڭ سۈپىتىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.
2. جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەككەن؟

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. بۇ تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# ئاللاھنىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام



ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتلار بىلەن لىق تولدۇرۇلغان ناھايىتى چوڭ بىر بۇتخانىسى بار ئىدى. كىشىلەر بۇتخانىغا كىرگەندە بېشىنى ئالدىغا ساڭگىلىتىپ، بېلىنى دومچەيتىپ ماڭاتتى؛ يىغا - زارى قىلىشىپ، خۇددى بۇتلار ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك يالۋۇرۇپ كېتىشەتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بولسا ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى تولىمۇ ئەخمىقانىلىك بىلىنەتتى ۋە غەزىپى كېلەتتى.

بىر كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر تال پالتىنى كۆتۈرۈپ بۇتخانىغا قاراپ ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا بۇتخانىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتخانىغا كېلىپ كىشىلەر ھەيكەللەرنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويغان يېمەك - ئىچمەكلەرنى كۆردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇتلارنى مەسخىرە قىلىپ: «ئالدىڭلاردىكى تاماقلار سوۋۇپ كېتىپتۇ، نېمە ئۈچۈن يېمەيسىلەر؟» دېدى، ئەمما بۇتلار ھېچقانداق ئۈن - تىن چىقارماي جىم تۇرۇشاتتى. يەنە مەسخىرە قىلىپ: «گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟» دېۋىدى، بۇتلار يەنە شۈك تۇرۇشاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قولىدىكى پالتا بىلەن بۇتخانىدىكى بۇتلارنى چېقىشقا باشلىدى، ئاندىن پالتىنى بۇتخانىدىكى ئەڭ چوڭ بۇتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى.

بىردەمدىن كېيىن كىشىلەر بۇتخانىغا قايتىپ كەلگەندە بۇتلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېقىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئۇلار قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «ئىبراھىم بىزنىڭ بۇتلىرىمىزنى دائىم تىللايتتى، بۇلارنى چوقۇم شۇ چاقتى، ئىبراھىمنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىپ سوراق قىلايلى» دېيىشتى.

ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى تېپىپ كېلىپ: «ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلىۋەتكەن سەنمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ تۇرۇپ بويىنىغا پالتا ئېسىقلىق بۇتنى كۆرسىتىپ: «ياق، بەلكىم مۇشۇ چوڭى شۇنداق قىلغاندۇ، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، كىمنىڭ چاقىقانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى. ئۇلار: «سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ!؟» دېۋىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالانى تەرك ئېتىپ ئۇنداق سۆزلىيەلمەيدىغان ۋە پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟ ئەقلىڭلار نەگە كەتتى؟ ئىلاھىڭلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى قارىتىپ قويۇپ تۇرۇپ قالغانلىرىنى چېقىپ تاشلىساممۇ ئۆزلىرىنى ھېچقانداق قوغدىيالمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا پالتىنى ئۇ بۇتنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويساممۇ <نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟> دېيەلمىدى، ئۇنداق بۇتلارغا تۇفى!» دەپ ئۇلارنى مات قىلدى.

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.
ئىبادەت:
سوراش:
2. سىز قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىنى بىلىسىز؟

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. بۇ تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# مۇجاھىدلار مارشى

رەببىمىز ئاللاھتۇر، دىنىمىز ئىسلام،
ئاخىرقى غايىمىز ھەدىس ۋە قۇرئان.
ھەر ۋاقىت يەلكىداش ئۇممەت بىر سەپتە،
بۇ جىھاد ھەممىگە مۇقەددەس ئارمان.

خارلانغان ئىززەتنى كۆتۈرۈپ ئېگىز،
تۆكۈلگەن نومۇسنى ئاقلايمىز چوقۇم.
بۇ ئۇلۇغ ئۇممەتنى قىلىمىز ئازات،
كاپىرلار تەختىنى قىلىپ كۇمپەيكۇم.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

ئىسلام:

قۇرئان:

جىھاد:

## تاپشۇرۇق

بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

# تىنىش بەلگىلىرى بوستانى (2)

## 1. چېكىتلىك پەش ( ؛ )

چوڭ تەڭداش بۆلەكلەر بىلەن كىچىك تەڭداش بۆلەكلەر ئارىلاش كەلگەن جۈملىلەردە، چوڭ تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ قاتلاملىق مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن ئۈستۈنكى قاتلامدىكى تەڭداش تەركىبلەر ئارىسىغا چېكىتلىك پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئەھلى جەننەتكە كىرگەندە بىر جاكارچى مۇنداق نىدا قىلىدۇ: <سىلەر ھايات ياشايسىلەر، مەڭگۈ ئۆلمەيسىلەر؛ سالامەت بولىسىلەر، مەڭگۈ كېسەل بولمايسىلەر؛ ياش تۇرىسىلەر، مەڭگۈ قېرىمايسىلەر؛ نېمەتلىنىپ تۇرىسىلەر، مەڭگۈ بەختسىزلىككە دۇچار بولمايسىلەر>».

(2) رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقتىن بىرنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ كىمكى بىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ؛ كىمكى

مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ».

(3) رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ خىل بولىدۇ: 1. سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ؛ 2. ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ؛ 3. ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ».

## 2. قوش چېكىت ( : )

1> ئاپتور سۆزى بىلەن كۆچۈرمە جۈملە ۋە پېرسوناژ سۆزلىرىنىڭ ئارىلىقىغا قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ».

(2) رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋاقتىدا ئوقۇلغان ناماز ۋە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېگەن.

2> ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز ۋە جۈملىلەردىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ خىل بولىدۇ: 1. سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ؛ 2. ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ؛ 3. ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ.

3> ھۆرمەت تەرىقىسىدە ئېيتىلغان قاراتما سۆزلەردىن كېيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

قەدىرلىك ئانا:

ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ ئاللاھ سىزنى سالامەت قىلسۇن!

(بۇنداق قاراتما سۆزلەر كۆپىنچە خەت ـ ئالاقىدە ۋە

تەكلىپ قەغەزلىرىدە ئۇچرايدۇ.)

4> ئەسكەرتمىلىك سۆزلەردە قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تاپانچا ماكاروف.

1. ئوق ئۆلچىمى: 18 × 9 مىللىمېتىر.
2. قورالنىڭ ئۇزۇنلۇقى: 16.1 سانتىمېتىر.
3. قورالنىڭ ئوقسىز ئېغىرلىقى: 730 گرام.

## 3. قوش تىرناق ( « » )

1> جۈملە ئىچىدىكى كۆچۈرمە سۆز - جۈملىلەر قوش تىرناق ئىچىگە يېزىلىدۇ:

(1) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى».

(2) ئابدۇراھمان: «ئاتا - ئانىسىنى قاقشاتقان بالىنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرمەيدۇ» دېدى.

2> كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ناملىرى ۋە ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇلىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) مەن «ئاللاھ يولىدىكى جىھادنىڭ پەزىلىتى» ناملىق كىتابنى ئوقۇپ بولدۇم.

(2) «مۇئمىنلەرنىڭ ساياھىتى» ناملىق فىلىمنىڭ بەشىنچى قىسمى بەك ياخشى ئىشلىنىپتۇ.

3> بەزى تەنە مەنىسىدە ۋە ئەكسىچە مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرمۇ قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يېزىلىدۇ.

(1) جەھەننەم كاپىرلار ئۈچۈن نېمىدېگەن «ياخشى»

جاي!

(2) ئابدۇسالام ئەجەب «ئەدەپلىك» چوڭ بولۇپتىغۇ!؟ چوڭلارنى كۆرسە سالامىمۇ قىلمايدۇ.

## 4. يالاڭ تىرناق ( < > )

قوش تىرناق ئىچىگە يەنە تىرناق كېلىش زۆرۈر بولۇپ قالسا يالاڭ تىرناق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىنى ياخشى كۆرسە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا: ‹ئاللاھ تائالا پالانى بەندىنى ياخشى كۆرىدۇ، سەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگىن› دەپ نىدا قىلىدۇ».

(2) ئەنەس ماڭا: «مەن بۈگۈن قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىدىن <ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتكە كىرگۈزىمىز. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئاللاھتىنمۇ راست سۆزلۈك كىم بار!؟> دېگەن ئايەتنى كۆرۈپ بەك خۇش بولۇپ كەتتىم ۋە ئاللاھ تائالانىڭ مېنى مۇئمىن قىلىپ ياراتقانلىقىغا ھەمدە ئېيتتىم» دېدى.

# بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شىجائىتى

بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن شىجائەتلىك، قورقماس، باتۇر ۋە شەھىدلىككە ئۆزىنى ئاتاپ تۇرىدىغان ساھابە ئىدى.

پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان مەلئۇن مۇسەيلىمە كاززاپ بىر قېتىملىق جەڭدە مۇسۇلمانلارنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ بىر باغچىنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالدى. بۇ باغچىنىڭ تاملىرى ئېگىز بولغاچقا مۇرتەدلەر دەرۋازىنى چىڭ تاقىۋېلىپ ئۈستىدىن مۇسۇلمانلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ قەھرىمانى، باتۇر بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىغا چىقىپ: «ئى قەۋمىم! مېنى قالقان ئۈستىگە قويۇپ، قالقاننى نەيزە بىلەن كۆتۈرۈپ، مېنى سېپىل ئىشىكىگە يېقىن قىلىپ سېپىل ئىچىگە تاشلاڭلار. مەن ياكى شەھىد قىلىنىمەن، ياكى بولمىسا سىلەرگە باغچىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىمەن» دېدى.

بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالقان ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى، ساھابىلەر ئۇنلارچە نەيزە بىلەن ئۇ ئولتۇرغان قالقاننى كۆتۈرۈپ باغچە ئىچىدىكى تۈمەنمىڭ ئەسكەر ئارىسىغا تاشلىدى. بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلار ئارىسىغا خۇددى گۈلدۈرمامىدەك چۈشتى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئىشىك ئالدىدا ئۇرۇشۇپ، قىلىچىنى ئۇلارنىڭ گەدەنلىرىدە ئوينىتىپ ۋە كاپىرلاردىن يۈز نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ

دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ بەدىنىگە ئوق تەگكەن، قىلىچ بىلەن ئۇرۇلغان بولۇپ جەمئىي 80 نەچچە يەردە ئېغىر جاراھەت ئىزى بار ئىدى.

مۇسۇلمانلار بۇ باغچىغا تۇشمۇتۇشتىن ئېتىلىپ كىرىپ قىلىچلىرىنى مۇسەيلىمە كاززاپ باشچىلىقىدىكى مۇرتەدلەرنىڭ باشلىرىدا ئويناتتى، مۇسەيلىمە ۋە ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى 20 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جاراھەتلىرىمۇ ئاللاھنىڭ شىپالىق بېرىشى بىلەن بارا ـ بارا ساقىيىپ كەتتى.

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

باتۇر:

ئېچىش:

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ ئىملا خاتالىقىنى تۈزىتىپ تۆۋەندىكى سىزىققا توغرىسىنى يېزىڭلار.

(1) بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇجائەتلىك ساھابە ئىدىم.

______________________________.

(2) مۇسۇلمانلار غەلىبىنى قويىلغا كەلتۈردى.

______________________________.

## تاپشۇرۇق

بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

# مىجزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باتۇرلۇقى

مىجزە ئىبنى سەۋر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەيسەر، شىجائەتلىك ۋە باتۇر ساھابە بولۇپ، مۇشرىكلار بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشقاندا ئۆزى يالغۇز يۈز مۇشرىكنى ئۆلتۈرگەن ئىدى.

مۇسۇلمانلار كىسرانىڭ تەختىنى ئۆرۈپ، تەۋھىد بايرىقىنى تىكلەپ، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىش ئۈچۈن پارىسلارنىڭ ماكانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ شەھەرلىرىنى فەتھ قىلىپ، ئىستىھكاملىرىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلارنى كۆرگەن مۇشرىكلار قېچىپ تۇستەر شەھىرىگە كىرىۋالدى. تۇستەر شەھىرىنىڭ ئىستىھكاملىرى كۈچلۈك، سېپىللىرى مۇستەھكەم ئىدى. يەنە كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ باتۇر ۋە قەيسەر ئىكەنلىكىنى كۆرگەن مۇشرىكلار قورقۇپ جەڭگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي سېپىل ئۈستىدىن مۇسۇلمانلارغا ئوق ئېتىشقا باشلىدى. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ باتۇرلىرىدىن بىرەرسى سېپىلغا چىقماقچى ياكى يېقىنلاشماقچى بولسا، مۇشرىكلار ئۇچىدا ئىلمىكى بار زەنجىرنى قاتتىق قىزىتىپ ئۇلارغا تاشلايتتى، قارماققا ئىلىنىپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ بەدىنى كۆيۈپ شەھىد بولاتتى. مۇسۇلمانلار قاتتىق قىيىنچىلىق ئەھۋالدا قېلىپ، ئاللاھ تائالادىن بۇ قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىشنى ۋە مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلىشنى تىلەپ دۇئا

قىلىشقا باشلىدى.

شۇ ئەسنادا مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئادەم مۇشرىكلارنىڭ زومىگەر، بۇلاڭچى ۋە زالىم ئىكەنلىكىنى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ بولسا ۋاپادار ۋە سەمىمىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كېچىدە يوشۇرۇن چىقىپ مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئۆتتى ۋە شەھەرگە كىرگىلى بولىدىغان مەخپىي تونىلنى كۆرسىتىپ قويدى. بۇ تونىل دەريا بىلەن شەھەرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.

مىجزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلاردىن باتۇر، چىداملىق ۋە سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا 300 كىشى بىلەن تونىل تەرەپكە ماڭدى. تونىلنىڭ ئىچى ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بەزىدە كېڭىيىپ، بەزىدە چوڭقۇرلىشاتتى؛ يەنە بەزىدە تارىيىپ، كىشىنى سۇ ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلاتتى؛ بەزى يوللار تۈز بولسا، يەنە بەزى يوللار ئەگرى - بۈگرى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك شەھەر ئىچىگە كىلىپ بولغۇچە ئۇلاردىن 220 كىشى تونىلدا شەھىد بولۇپ ئاران 80 كىشى قالدى. ئۇلار شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىشى بىلەنلا دەرھال دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ تەكبىر بىلەن شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتى. باشقا مۇسۇلمانلارمۇ دەرۋازىدىن بۆسۈپ كىرىپ مۇشرىكلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىشقا باشلىدى. جەڭ پەيتىدە مىجزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلارنىڭ قوماندانى ھورمۇزان تەرىپىدىن شەھىد قىلىندى. باشقا مۇسۇلمانلار باتۇرلۇق بىلەن جەڭنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىرى مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى ۋە مۇشرىكلارنىڭ قوماندانى ھورمۇزاننى ئەسىرگە ئالدى.

گەرچە مىجزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ جەڭدە شەھىد قىلىنغان

بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان كۈچلۈك تەۋەككۈلى، باتۇرلۇقى، قورقماسلىقى ۋە تەقۋالىقى مۇسۇلمانلارنىڭ كاتتا غەلىبىسىگە سەۋەب بولدى.

## كۆنۈكمە

سىلەر بىلىدىغان خالىغان ساھابىنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئابزاسنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# مەن بىر مۇجاھىد

مەن بىر مۇجاھىد،
قورال قولۇمدا.
ئىسلامىم چىراغ،
ماڭغان يولۇمدا.

ئاللاھ قۇلىمەن،
دىنىنىڭ ئەسكىرى.
دۈشمىنىم شەيتان،
تاغۇت ۋە كۇفرى.

ماڭىمەن ئالغا،
رەسۇلنى بويلاپ.
سابىت تۇرىمەن،
رەببىمنى ئويلاپ.

چۈشمەس قولۇمدىن،
قورال ۋە قۇرئان.
غايەم بولۇشتۇر،
ئۈممەتكە قورغان.

كاپىر - مۇرتەدتىن،
كۈتمەيمەن شەپقەت.
مەدەتكارىمدۇر،
ئاللاھىم پەقەت.

چوقۇم بولىمەن،
دىن ئۇچۇن بىر ئوق.
ئاللاھ يولىدا،
ئۆلسەم ئارمان يوق.

سۆيىمەن دىلدىن،
ئاتا ـ ئانامنى.
يوللايمەن دائىم،
دۇئا ـ سالامنى.

كىتابىم قۇرئان،
بايرىقىم تەۋھىد.
يانمايمەن ھەقتىن،
مەن بىر مۇجاھىد.

## كۆنۈكمە

مۇجاھىدنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

## تاپشۇرۇق

بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

# تىنىش بەلگىلىرى بوستانى (3)

## 1. تىرناق ( )

1> جۈملىدە مەلۇم مەزمۇننى تولۇقلاش، ئىزاھلاش ياكى شەرھلەش مەنىسىدىكى سۆز ـ جۈملىلەر تىرناق ئىچىگە يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن.

(2) بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق.

2> كۆچۈرگەن ياكى نەقىل ئالغان جۈملىلەرنىڭ ئاپتورى ياكى ئەسەر نامى تىرناق ئىچىگە يېزىپ كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. (سۈرە مۇئمىنۇن 1 ـ ئايەت)

(2) ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار ۋە ئىززىتىڭلار جىھادتۇر، مەۋجۇتلۇقۇڭلار جىھادقا باغلانغاندۇر. («ئابدۇللاھ ئەززامنىڭ ۋەسىيىتى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

3> جۈملىدىكى مەزمۇننىڭ رەت تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلار تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

(1) ... (2) ... (3) ...

## 2. سىزىقچە ( ـ )

1> جۈپ سۆزلەرنىڭ ئارىسىغا ۋە سۆزلەرگە قوشۇلۇپ يېزىلمايدىغان ئۆلانمىلارنىڭ ئالدىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

قېرى ـ ياش، ئېغىر ـ يېنىك، دەپتەر ـ قەلەم.

ئاللاھ بەندىلىرىگە نىمەدېگەن مېھرىبان ـ ھە!

2> رەقەم بىلەن ئىپادىلەنگەن تەرتىپ سانلاردىن كېيىن سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مەن قۇرئاننى يادلاپ 15 ـ پارىگە كەلدىم.

3> سۆزلەرنى قۇردىن قۇرغا بوغۇم ئايرىپ يازغاندا ئايرىلغان بوغۇمدىن كېيىن سىزىقچە قويۇلىدۇ.

(1) بىلىمخلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلغان ئەمىلىڭلار ـ نى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

(2) ئى رەببىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تول ـ دۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى ئۇرۇش مەيدانىدا ساباتلىق قىل ـ غىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن.

4> ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

پاك ـ پۇك، تاراك ـ تۇرۇك، پالاق ـ پۇلۇق.

باياتىن مۇشۇ ئەتراپتا پاك ـ پۇك قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

5> ئۆزئارا يېقىن بولغان ئىككى سانىنىڭ يانداش كېلىشىدىن تۈزۈلگەن مۆلچەر سانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) مەن ئۇنىڭ قېشىغا بەش ـ ئالتە قېتىم بېرىپ بولدۇم.

(2) مەن جىھاد مەيدانىغا كەلگىلى ئۈچ ـ تۆت يىل بولۇپ قالدى.

6> تەكرار سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) مەن ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا دېسەممۇ ئۇ يەنىلا نەسىھىتىمنى ئاڭلىمىدى.

(2) ئۇ ئېزىپ ـ ئېزىپ ئاخىرى ھەتتا نامازمۇ ئوقۇمايدىغان بولۇپ قالدى.

## 3. سىزىق ( — )

1> دىئالوگلاردا ھەربىر سۆزلىگۈچىنىڭ گېپى باش قۇردىن يېزىلغاندا سىزىق قويۇپ يېزىلىدۇ، ئەگەر شۇنىڭ كەينىدىنلا ئاپتور سۆزى كېلىپ قالسا يەنە سىزىق بىلەن ئايرىيمىز. مەسىلەن:

(1) ئۇستازىم مەندىن سورىدى:

— تۈنۈگۈن قۇرئاندىن قانچە بەت يادلىدىڭىز؟

— ئىككى بەت، — دېدىم مەن ئەدەپ بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا. بۇنى ئاڭلىغان ئۇستازىم مەمنۇن بولۇپ:

— ماشائاللاھ! ئۇنداقتا بۈگۈنمۇ ئىككى بەت يادلاپ بولىدىكەنسىزدە؟! — دېۋىدى، مەنمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئىنشائاللاھ! — دېدىم.

2> چۈشەندۈرمەكچى ياكى ئىزاھلىماقچى بولغان سۆز ـ جۈملىلەردىن كېيىن سىزىق قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئىسلام — ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا تەسلىم بولۇش ھەمدە ئاللاھ تائالاغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق بويۇن ئېگىشتۇر.

(2) ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار». ئايەتتە ئېيتىلغان پىتنە — شېرىكتۇر.

## 4. كۆپ چېكىت ( ... )

1> جۈملىدە قىسقارتىلغان مەزمۇنلارنىڭ ئورنىغا كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئىمام ئەبۇ ھەنىفە، ئىمام شافىئىي، ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد، ئىبنى تەيمىيە... قاتارلىق پەخىرلىك ئالىملىرىمىز بۇ دىنغا مىسلىسىز تۆھپىلەرنى قوشقان.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، ئىمام تىرمىزى... قاتارلىق مۇھەددىسلەر سەھىھ دەپ باھالىغان.

2> دىئالوگلاردا جاۋابسىز قالغان جايلارغا كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ھەرقانچە سورىساقمۇ، ئۇ جاسۇس بىزنىڭ سوئالىمىزغا قەتئىي جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ...

— نەدىن كەلدىڭ؟

— ...

— سەن نېمە ئۈچۈن بىزگە زىيانكەشلىك قىلىسەن؟

— ...

3> سۆزلىگۈچى قورقۇپ، جىددىيلىشىپ ياكى دۇدۇقلاپ سۆزلىگەنلىكى سەۋەبىدىن گېپىنىڭ ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىققانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

(1) نې... نېمە؟! ئۇ... ئۇنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كېتىپتىما؟

(2) ئانىسى ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ:

— سەن نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلايسەن؟ — دېۋىدى، ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ:

— مەن... مەن...، — دېگىنىچە گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى.

## ئاساسىي مەشىق

**1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار.**

(1) ئىسلام بىزنى نېمە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟

(2) پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قانداق سۈننەتلىرىنى بىلىسىز؟

(3) سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيىڭىز نېمە؟

**2. تۆۋەندىكى شېئىردىكى بوش ئورۇنغا بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ توغرىسىنى تاللاپ يېزىپ بېقىڭلار.**

ئىمان بولمىسا بولماس ________، (ئامانلۇق/ئامانلىق)

بولمىسا دىن بولماس ________. (ھاياتلۇق/ھاياتلىق)

كىم بولسا دىنسىزلىق ھاياتقا ________، (روزى/رازى)

________ ئۈنىڭغا تېزلا زاۋاللىق. (كېلەدۇ/كېلىدۇ)

**3. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭلار.**

(1)

پەرىز بولغان ئەمەل بار،
بەش قېتىمدۇر ھەر كۈنى.
ئاللاھ بىلەن مۇڭدىشار،
قىلسا ئەگەر كىم ئۇنى.

(2)

ئارام بېرەر قەلبىگە،
ئوقۇپ ئەمەل قىلغاننىڭ.
بىر كىتابتۇر ئەڭ بۈيۈك،
سۆزى ئەمەس ئىنساننىڭ.

**4. تۆۋەندىكى تىرناقنى تولدۇرۇپ بېقىڭلار.**

(1) (          ) ئاسماندا ئۇچىدۇ، (          ) سۇدا ياشايدۇ، (          ) قۇرۇقلۇقتا ياشايدۇ.

(2) (          ) مۈشۈكتىن قورقىدۇ، مۈشۈك (          ) تىن/ دىن قورقىدۇ.

(3) توخۇ (          ) يەيدۇ، مۈشۈك (          ) يەيدۇ، مايمۇن (          ) يەيدۇ، قوي (          ) يەيدۇ.

**5. تۆۋەندىكى جۈملىدە قانداق تىنىش بەلگىلىرى كەلگەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.**

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ ئاخىرىدا پالتىنى ئۇ بۇتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويسامۇ <نىمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟> دېيەلمىدى، ئۇنداق بۇتلارغا تۇفى!» دەپ ئۇلارنى مات قىلدى. ____________، ____________،

____________، ____________، ____________،

____________، ____________، ____________،

____________.

**6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | | |
|---|---|---|
| قۇرئان ئوقۇش | | قېرىنداشلىرىنى ئەپۇ قىلىش |
| تەكەببۇرلۇق قىلىش | ساۋاب | مىسۋاك ئىشلىتىش |
| غەيۋەت قىلىش | | چوڭلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك |
| راست سۆزلەش | گۇناھ | سەت گەپ قىلىش |
| ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش | | ئوغرىلىق قىلىش |

# ئاتا-ئانامنى رازى قىلسام ئاللاھ رازى بولىدۇ

ئاتا ـ ئانام مېنى چوڭ قىلىش جەريانىدا كېچە ـ كۈندۈز جاپا چەكتى، چارچىدى ۋە مېھرىنى سىڭدۈردى. مېنىڭ خۇشاللىقىمنى ئۆز خۇشاللىقى دەپ بىلدى ۋە مېنىڭ غەملىرىم ئۈچۈن تەڭ غەم چەكتى. ئاتا ـ ئانامنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرى چەكسىز بولغاچقا ئاللاھ تائالا مېنى ئاتا ـ ئانامغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇپ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق».

شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ھەر ۋاقىت ئاتا ـ ئانامغا ئەدەب بىلەن سۆز قىلىپ، نەسىھەتلىرىنى ياخشى ئاڭلىشىم؛ دائىم تەبەسسۇم بىلەن خىزمىتىنى قىلىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىشىم؛ ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىپ، كۆڭلىنى ئاسرىشىم؛ قوپاللىق قىلماسلىقىم، يالغان سۆزلىمەسلىكىم، ئالدىدا يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلماسلىقىم ھەمدە ئۇلار ھەققىدە ئاللاھ تائالاغا: «ئى ئاللاھ! مېنى ۋە ئاتا ـ ئانامنى مەغپىرەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك. شۇندىلا ئاللاھ تائالا مەندىن رازى بولىدۇ ۋە ئۆز جەننىتىگە داخىل قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ ئانىسى رازى بولغان ئادەمدىن ئاللاھ تائالامۇ رازى بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى غەزەپلەنگەن

كىشىگە ئاللاھ تائالامۇ غەزەپلىنىدۇ».

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاتا ـ ئانىمىزغا بولغان مۇئامىلىدە ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ئىشلارغا توغرا بەلگىسى (✓)، ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىدىغان ئىشلارغا خاتا بەلگىسى ( × ) قويۇڭلار.

يالغان سۆزلەش ( )

ئەدەب بىلەن سۆز قىلىش ( )

كۆڭلىنى خۇش قىلىش ( )

قوپاللىق قىلىش ( )

نەسىھەتلىرىنى ياخشى ئاڭلاش ( )

ئۇلارغا يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش ( )

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى يادلىۋېلىڭلار.

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ ئانىسى رازى بولغان ئادەمدىن ئاللاھ تائالامۇ رازى بولىدۇ، ئاتا ـ ئانىسى غەزەپلەنگەن كىشىگە ئاللاھ تائالامۇ غەزەپلىنىدۇ».



# ئاق كېسەل، تاز ۋە قارىغۇ

ئىلگىرى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئۈچ كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئاق كېسەل، بىرى تاز ۋە يەنە بىرى قارىغۇ ئىكەن. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىپتۇ. پەرىشتە ئاق كېسەلنىڭ قېشىغا كېلىپ: «سەن قايسى نەرسىنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «رەڭگىم ۋە تېرەمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ھەمدە كىشىلەر يىرگىنىۋاتقان كېسىلىمنىڭ ساقىيىپ كېتىشىنى خالايمەن» دەپتۇ. پەرىشتە ئۇنى سىلاپ قويۇپتىكەن، ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا چىرايلىق رەڭ بېرىلىپتۇ. پەرىشتە: «سەن قايسى مالنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپتۇ. ئۇ: «تۆگە» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر بوغاز تۆگە بېرىلىپتۇ. پەرىشتە: «ئاللاھ بۇ تۆگىدە ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!» دەپتۇ.

ئاندىن پەرىشتە تازنىڭ قېشىغا بېرىپ: «سەن قايسى نەرسىنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «مەن چىرايلىق چېچىمنىڭ بولۇشىنى ۋە كىشىلەر يىرگىنىۋاتقان كېسىلىمنىڭ ساقىيىشىنى ياخشى كۆرىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئۇنى بىر سىلاپ قويغانىكەن، ئۇنىڭ كېسىلى ساقىيىپ بېشىغا چىرايلىق چاچ بېرىلىپتۇ. پەرىشتە: «سەن قايسى مالنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپتۇ. ئۇ: «كالا» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر بوغاز كالا بېرىلىپتۇ. پەرىشتە: «ئاللاھ بۇ كالىدا ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!» دەپتۇ.

ئاندىن پەرىشتە قارىغۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «سەن قايسى نەرسىنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «ئاللاھنىڭ ماڭا كۆزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشىنى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتە ئۇنىڭ كۆزىنى سىيلاپ قويغانىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىپتۇ. پەرىشتە: «سەن قايسى مالنى ياخشى كۆرىسەن؟» دەپتۇ. ئۇ: «قوي» دەپتۇ.

ئاق كېسەلنىڭ تۆگىسى بوتىلاپتۇ، تازنىڭ كالىسى تۇغۇپتۇ، قارىغۇنىڭ قويى قوزىلاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ھەربىرىنىڭ بىر يايلاق تۆگە، بىر يايلاق كالا ۋە بىر يايلاق قويى بولۇپ كېتىپتۇ.

كېيىن پەرىشتە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاق كېسەلنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە: «مەن بىر مىسكىن ئادەم، سەپىرىمدە ئوزۇق - تۈلۈكۈم تۈگەپ كەتتى. مېنى ئاۋۋال ئاللاھ، ئاندىن قالسا سەندىن باشقا بىرى مەنزىلىمگە يەتكۈزۈپ قويالمايدۇ. ساڭا چىرايلىق رەڭ ۋە تېرە ئاتا قىلغان، نۇرغۇن مال بەرگەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، سەپىرىمدە مىنگۈدەك بىر تۆگە بەرگەن بولساڭ» دەپتۇ. ئۇ كىشى: «باشقا يەرگە بارساڭ بېرىدىغان ئادەم جىق» دەپتۇ. ئاندىن پەرىشتە: «مەن سېنى تونۇغاندەك قىلىۋاتىمەن. سەن ئەسلى ھەممە ئادەم سەندىن قاچىدىغان ئاق كېسەل ئەمەسمىدىڭ، سەن كەمبەغەل ئەمەسمىدىڭ؟! بۇ ماللارنى ئاللاھ تائالا ساڭا بەرگەن ئەمەسمىدى؟!» دەپتۇ. ئۇ: «بۇ ماللار ئاتا - بوۋىلىرىمدىن ماڭا مىراس قالغان» دەپتۇ. پەرىشتە: «ئەگەر سەن يالغان ئېيتقان بولساڭ ئاللاھ سېنى بۇرۇنقى ھالىتىڭگە قايتۇرۇۋەتسۇن!» دەپتۇ.

ئاندىن پەرىشتە تازنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاق كېسەلگە دېگەن گەپنى دەپتۇ. تازمۇ ئاق كېسەلگە ئوخشاش گەپلەرنى قىلىپ پەرىشتىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. پەرىشتە: «ئەگەر سەن يالغان ئېيتقان بولساڭ ئاللاھ سېنى بۇرۇنقى ھالىتىڭگە قايتۇرۇۋەتسۇن!» دەپتۇ.

ئاندىن پەرىشتە قارىغۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: «مەن بىر مىسكىن ئادەم، سەپىرىمدە ئوزۇق - تۈلۈكۈم تۈگەپ كەتتى. مېنى ئاۋۋال ئاللاھ، ئاندىن قالسا سەندىن باشقا بىرى مەنزىلىمگە يەتكۈزۈپ قويالمايدۇ. سېنىڭ كۆزۈڭنى ساقايتىپ بەرگەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، ماڭا قويدىن بىرنى بەرگەن بولساڭ» دەپتۇ. ئۇ كىشى: «مەن ھەقىقەتەن قارىغۇ ئىدىم، ئاللاھ مېنىڭ كۆزۈمنى ساقايتىپ بەردى. خالىغىنىڭنى ئالغىن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن مەن سېنى ھەرگىز قىيىن ئەھۋالدا قويمايمەن» دەپتۇ. پەرىشتە: «ماللىرىڭ ئۆزۈڭدە قالسۇن. ئاللاھ سىلەرنى سىنىغان ئىدى، ئاللاھ سەندىن رازى بولدى، ئۇ ئىككى بۇرادىرىڭگە ئاللاھ غەزەپ قىلدى» دەپتۇ.

## كۆنۈكمە

تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرىدىكى خاتالىقلىرىنى توغرىلاپ قايتا يېزىپ چىقىڭلار.

(1) رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن! «سەدىقە مالنى كېمەيتمەيدۇ. ھەرقانداق بىر بەندە ئەپۇجان بولسا، ئاللاھ ئۇنى تېخىمۇ ئازىز قىلىدۇ؟ بىر كىشى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن كەمتەر بۆلسا، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋە

تائالا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ»،

(2) رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن! «ئاللاھ يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلغىن، قىسىۋالمىغىن، بولمىسا ئاللاھ تائالامۇ رىزقىڭنى تار قىلىپ قويىدۇ؟ ئاشقان نەرسەڭنى موھتاجلاردىن ئايىما، ئاللاھ تائالامۇ پەزلى ـ رەھمىتىنى شەندىن ئاياپ قالىدۇ»،

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. بۇ تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# شاكىر بەندە بولىمىز

چەكسىز نېئمەتلەر بەردى،
بىزگە بۈيۈك رەببىمىز.
ھەققى ئۈچۈن پىدادۇر،
جېنىمىز ۋە مېلىمىز.

پەقەت ئاللاھ ئۈچۈندۇر،
ھەربىر قىلغان ئىشىمىز.
شۈكۈر قىلىپ نېئمەتكە،
شاكىر بەندە بولىمىز.

غەزەپ قىلار رەببىمىز،
نېئمەتلەردىن تانغانغا.
ناشۈكۈرلۈك ياراشماس،
ھەربىر ئەھلى ئىمانغا.

**كۆنۈكمە**

بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

# ئابدۇللاھ ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمانى كۈچلۈك، قەلبى پاك، ئەخلاقى گۈزەل، ئىلمى مول، ئەقلى ئۆتكۈر، بىلىم ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ۋە مۇسۇلمانلارغا ئاداۋەت ساقلىمايدىغان بۈيۈك ساھابە ئىدى.

ساھابىلەردىن بىرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر سورۇنىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يولغا كىشىلەر سىغماي قالغانىكەن. ئالدى بىلەن قۇرئان ھەققىدە سورىغۇچىلار كىردى، كىشىلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ھەتتا ئۆيىنىڭ ھەممە يېرى ئادەم بىلەن لىق تولۇپ كەتتى. ئۇلاردىن كېيىن قۇرئاننىڭ تەپسىرى، ئىسلامدىكى ھالال - ھارام مەسىلىسى، دىنىي مەلۇماتلار ۋە شۇنىڭدەك ھەرخىل ئىلىم ھەققىدە سورايدىغانلار كەينى - كەينىدىن كىرەتتى. ھەربىر تۈركۈمدىكى ئىلىم ئالغۇچىلار كىرگەن چاغدا ئۆيلەرنىڭ ھەممە يېرى ئادەم بىلەن لىق تولۇپ كېتەتتى. ئۇ ھەربىر كىشىنىڭ ھەربىر سوئالىغا ناھايىتى مۇكەممەل ۋە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەتتى».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئۇستازلىرىنى ۋە ئىلىم ئۆگەتكۈچىلەرنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشكەن ۋەھيىنى يازغۇچى، شەرىئەت بىلىمىگە ئالىم ساھابە

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم ئۇلىغىغا مىنمەكچى بولغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاغنىڭ ئۈزەڭگىسىنى پەسكە بېسىپ، ئۇلىغىنى تۇتۇپ بەردى. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق قىلمىغىن، — دېگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

— بىز ئالىملارغا ھۆرمەت قىلىشقا بۇيرۇلغان، — دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلەتتى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ئاللاھنىڭ كىتابىدىن مەلۇم بىر ئايەتنى بىلىۋالغان ۋاقتىمدا، ھەممە كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنى ماڭا ئوخشاش بىلىۋېلىشىنى ياخشى كۆرىمەن؛ مۇسۇلمانلار زېمىنىدىن بىرەر يەرگە يامغۇر ياغقانلىقىنى ئاڭلىسام، گەرچە مېنىڭ مال - چارۋىلىرىم ئۇ يەردە ئوتلىمىسىمۇ مەن يەنىلا خۇشال بولىمەن».

## كۆنۈكمە

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. بۇ تېكىستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# خەلىپىنى يىغلاتقان بالا

يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق بىر كۈنى ئىدى. ھەممە ئادەم سايە جاينى تېپىپ دەم ئېلىۋاتاتتى. ناماز ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاھارەت ئېلىپ مەسجىدكە قاراپ ماڭدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر بالىنىڭ ناھايىتى ئالدىراپ مەسجىدكە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ بالىنىڭ بۇنداق تېز مېڭىشىدا بىرەر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىرەر قىيىنچىلىقى بولسا مەن ھەل قىلىپ بېرىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇ بالىدىن:

— بالام، شۇنچە ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ بالا خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تونۇمايتتى.

— مەسجىدكە ماڭدىم تاغا، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ بالا.

خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، چۈنكى ئۇ بالا تېخى كىچىك بولۇپ، ناماز ئۇنىڭغا پەرز ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— بالام، سېنىڭ تېخى يېشىڭ كىچىك، ناماز تېخى ساڭا پەرز بولمىسا نېمىگە بۇنچە ئالدىرايسەن؟ — دېگەنىدى، ئۇ بالا:

— تاغا، تونۇگۈن مەھەللىمىزدە يېشى مەندىن كىچىك بىر بالا ۋاپات بولدى. ئۆلۈم ئادەمنى چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىمايدىكەن، شۇڭا ھەر ۋاقىت ئۆلۈمگە ھازىرلىق

كۆرۈشىمىز لازىمكەن. مۇشۇ كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ نامازغا ئادەتلەنمىسەم كېيىن تەس كېلىشى مۇمكىن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى ۋە مۇنداق دېدى: «ئى ئاللاھ! بۇ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ۋە ياخشى بالا ئىكەن».

## كۆنۈكمە

بەش ۋاق پەرز نامازنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بېقىڭلار.

________________، ________________،

________________، ________________، ________________.

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى ئوقۇپ بېقىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئاللاھ تائالا قايسى ئەمەلنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ؟ — دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى ئەمەلنى؟ — دەپ سورىسام:

— ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنى، — دېدى.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟ — دېسەم:

— ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى، — دېدى.

# مۇئمىنلەر ئۆزئارا قېرىنداشتۇر



ئىسلامىي قېرىنداشلىق — ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلەرگە ئاتا قىلغان كاتتا نېئمىتى بولۇپ، رەببىمىز ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن دىندا قېرىنداشلاردۇر».

مۇئمىنلەر ھەر ۋاقىت بىر-بىرىگە كۆيۈنۈشى، قېيىنچىلىقلىرىغا ياردەم قىلىشى، ئۆزئارا ئەپۇچان بولۇشى، كۆڭلىدە قېرىندىشىغا يامانلىق ساقلىماسلىقى ۋە زۇلۇم قىلماسلىقى لازىم. شۇندىلا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى، بەرىكىتى ۋە نۇسرىتىگە ئېرىشەلەيدۇ ھەمدە دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب بولۇپ، ھاياتى بەخت-سائادەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇئمىننىڭ دۇنيا قېيىنچىلىقىدىن بىر قېيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قېيىنچىلىقىدىن بىر قېيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ كىمكى قېيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ قېيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياپىدۇ؛ كىمكى قېرىندىشىغا ياردەم قىلسا، ئاللاھمۇ ئۇ بەندىگە ياردەم قىلىدۇ».

## كۆنۈكمە

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ئىشلارغا توغرا بەلگىسى ( ✓ )، ئاللاھ تائالانى نارازى قىلىدىغان ئىشلارغا خاتا بەلگىسى ( × ) قويۇڭلار.

(1) قېرىندىشى بىلەن ئۇرۇشۇش. (  )

(2) قېرىنداشلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىش. (  )

(3) قېرىندىشىغا خۇش چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ياخشى گەپ قىلىش. (  )

(4) قېرىندىشىنىڭ نەرسىسىنى سورىماي ئېلىۋېلىش. (  )

(5) قېرىندىشىنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم قىلىش. (  )

2. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ تولدۇرۇڭلار.

(زۇلۇم، قېرىندىشىدۇر، يەرھەمۇكەللاھ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قىلمايدۇ)

(1) مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ ______، ئۇ قېرىندىشىغا خىيانەت ______، يالغان سۆزلىمەيدۇ.

(2) مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىگە ______ قىلمايدۇ.

(3) قېرىندىشىمىز ______ دېسە «ۋەئەلەيكۇمۇسسالام» دەيمىز، چۈشكۈرۈپ «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېسە ______ دەيمىز.

## تاپشۇرۇق

1. بۇ تېكىستنى توغرا ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. تۆۋەندىكى ھەدىسنى ئوقۇپ بېقىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇئمىننىڭ دۇنيا قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنىنىڭ قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ؛ كىمكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئەيىبىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياپىدۇ؛ كىمكى قېرىندىشىغا ياردەم قىلسا، ئاللاھمۇ ئۇ بەندىگە ياردەم قىلىدۇ».

# بۇيرۇلغانمىز ئۆملۈككە

ئۆم ـ ئىتتىپاق بولماققا،
بۇيرۇلغانمىز سۈننەتتە.
ئىتتىپاقلىق ـ ئىناقلىق،
قۇۋۋەت بېرەر ئۈممەتكە.

ئەمەل قىلساق قۇرئانغا،
چوقۇم زەپەر قۇچىمىز.
بۇزۇلغاندا ئىناقلىق،
كېتىپ قالار كۈچىمىز.

ئايرىلغاننى ئېيىق يەر،
بۆلۈنگەننى بۆرە يەر.
بىزنى ئىناق قىل ئاللاھ،
بۇ ئۈممەتكە نۇسرەت بەر.

## تاپشۇرۇق

بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

# ئومۇمىي مەشىق

**1. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.**

(1) قۇرئاندا 140 سۈرە بار.  (          )

(2) قۇرئاندىكى ئەڭ قىسقا سۈرە — سۈرە فاتىھە.

(          )

(3) توخۇ ئاسماندا ئۇچالايدۇ، بېلىق سۇ ئۈزەلەيدۇ. (          )

**2. تۆۋەندىكى جۈملىدە قانداق تىنىش بەلگىلىرى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.**

ئى مۇجاھىد دوستلار! جەننەتلەردىكى مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكۈڭلار بارمۇ؟ ئەگەر ئېرىشكۈڭلار بولسا ھەر ۋاقىت ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ئىشلارغا ئالدىراڭلار، ئاللاھ تائالا نارازى بولىدىغان گۇناھ ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، ھەربىر ئىشىڭلاردا رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىڭلار، ئىسلام ۋە مۇسۇلمان ئۇممەتنىڭ مۇستەھكەم قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇڭلار!

________، ________، ________،

________، ________، ________، ________.

**3. تۆۋەندىكى ئەمەللەرنى بېرىلگەن بوش ئورۇنغا توغرا تولدۇرۇڭلار.**

بامدات نامىزى، غەيۋەت قىلىش، مىسۋاك ئىشلىتىش، قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇرۇشۇش، ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش، رامىزان روزىسى تۇتۇش، تاماقنى ئوڭ قول بىلەن يېيىش، يالغان سۆزلەش، چۈشكۈرگەندە «ئەلھەمدۇلىللاھ»

دېيىش.

پەرز: ________________________________________

________________________________________.

سۈننەت: ________________________________________

________________________________________.

ھارام: ________________________________________

________________________________________.

**4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ دوستىنى تېپىپ تۇتاشتۇرۇڭلار.**

| | |
|---|---|
| ئاللاھ تائالا | ھەق دىندۇر |
| قۇرئان | بارچە مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىدۇر |
| ئىسلام | ئۆزئارا قېرىنداشتۇر |
| مۇئمىنلەر | ئەڭ ئۇلۇغ كىتاب |

**5. تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ جاۋابىغا توغرا بەلگىسى قويۇڭلار.**

(1) جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەر كىملەر؟

ئا: كاپىرلار

ئە: شەيتانلار

ب: مۇئمىنلەر

پ: مۇناپىقلار

(2) تۆۋەندىكىلەردىن كىم پەيغەمبەر ئەمەس؟

ئا: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ئە: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ب: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

پ: مۇسا ئەلەيھىسسالام

(3) تۆۋەندىكى ئەمەللەردىن قايسىسى پەرز ئەمەس؟
ئا: جىھاد
ئە: بەش ۋاق ناماز
ب: ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش
پ: گۆش يېيىش
(4) تۆۋەندىكىلەردىن قايسىسى گۇناھ ئىش؟
ئا: ئەزان ئوقۇش
ئە: تاھارەت ئېلىش
ب: چېقىمچىلىق قىلىش
پ: قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىش
**6. بېرىلگەن سۆزلەردىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇڭلار.**
(دەرسنى، قېرىنداشلىرىم، قورال، كاپىرلاردىن)
(1) مەن ________ قورقمايمەن.
(2) مەن __________ ياخشى ئۆگىنىمەن.
(3) مەن ھەر ۋاقىت ________ بىلەن ئىناق ئۆتىمەن.
(4) مەن ________ ئېتىشنى بىلىمەن.
**7. «مەن بىر مۇسۇلمان» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.**



ئۈ
ئو
ت
ن
ئە
ئا
ش
س
ئۇ
ئۆ
پ
ب
د
ز
ر
ل
م